# «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش نىزامى»نىڭ كىتابچىسى نەشر قىلىندى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى بېسىپ تارقاتقان تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈش نىزامى»نىڭ كىتابچىسى خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى، بۈگۈندىن باشلاپ پۈتۈن مەملىكەتتىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا تارقىتىلىدۇ.

سەلتەنەتلىك 70 يىل كۆرەشچان يېڭى دەۋر
يېڭى جۇڭگونىڭ قاينام ـ تاشقىنلىق يىللىرى

## «خۇەيخې دەرياسىنى چوقۇم ياخشى ئوڭشاش كېرەك»

1950 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، جېڭۋۇيۈەن «خۇەيخې دەرياسىنى تۈزەش توغرىسىدىكى قارار»نى ئېلان قىلىپ، يۇقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىنلاردا ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالغا ئاساسەن ساقلاش ـ قويۇپ بېرىشنى تەڭ پىلانلاشنى يولغا قويۇش فاڭجېنىنى تۈزۈپ چىقتى. يېڭى جۇڭگونىڭ سۇچىلىق قۇرۇلۇشى ئىشلىرىدىكى تۇنجى چوڭ قۇرۇلۇشنىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى.

1950 ـ يىلى 7 ـ، 8 ـ ئايلاردا، خۇەيخې دەرياسى ۋادىسىدا پەۋقۇلئاددە زور كەلكۈن ئاپىتى يۈزبەردى. خېنەن، ئەنخۇيدىن ئىبارەت ئىككى ئۆلكىدە جەمئىي 13 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم ئاپەتكە ئۇچرىدى، 40 مىليون مودىن ئارتۇق يەرنى سۇ بېسىپ كەتتى. 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، ماۋ زېدۇڭ يولداش تەستىقىي يوليورۇق بەردى: «ئۆۋەتتە ئالدىنى ئېلىش ۋە قۇتقۇزۇشتىن باشقا، جەزمەن نېگىزىدىن تۈزەش چارىسىنى ئويلىشىش كېرەك، ھازىردىن باشلاپ تەييارلىق قىلىپ، كۈزدىن باشلاپ كەڭ كۆلەمدە خۇەيخې دەرياسى سۈيىنى باشلاش قۇرۇلۇشىنى تەشكىللەپ، بىر يىل ئىچىدە خۇەيخې دەرياسىنىڭ سۈيىنى باشلاشنى تاماملاپ، كېلەر يىلدىكى سۇ ئاپىتى خەۋپىنى تۈگىتىش كېرەك».

پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ياردىمىدە، خۇەيخې دەرياسىنى تۈزەشنىڭ 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشى 1950 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا باشلاندى. نەچچە يۈز مىڭ خەلق ئىشچىسى ۋە قۇرۇلۇش تېخنىك خادىمى خۇەيخې دەرياسىنى تۈزەش قۇرۇلۇشى ئىش ئورنىدا جەڭ قىلدى. 1951 ـ يىلى 5 ـ ئايدا، مەركەز خۇەيخې دەرياسىنى تۈزەش تەكشۈرۈش ئۆمىكى ماۋ زېدۇڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان «خۇەيخې دەرياسىنى چوقۇم ياخشى ئوڭشاش كېرەك» دېگەن بېغىشلىما بېسىلغان تۆت لەۋھەنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا خۇەيخې دەرياسىنى تۈزەش كومىتېتى ۋە خۇەيخې دەرياسىنى تۈزەشتىكى ئۈچ قوماندانلىق ئىشتابىغا يەتكۈزۈپ بېرىپ، خۇەيخې دەرياسىنى تۈزەش چوڭ قوشۇنىنىڭ جەڭگىۋارلىقىغا ناھايىتى زور ئىلھام بەردى. 1951 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇش پۈتۈنلەي تاماملاندى. بۇ قارارلىق قۇرۇلۇشتا كەلكۈن سۈيىنى ساقلاش، توسمىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، دەريا يولىنى راۋانلاشتۇرۇش، ئېرىق قېزىش قاتارلىق تۇپا قۇرۇلۇشىدىن تەخمىنەن 195 مىليون كۇب مېتىر(بۇنىڭ ئىچىدە ئېرىق قېزىش تۇپا قۇرۇلۇشىدىن تەخمىنەن 100 مىليون كۇب مېتىر)، شىمەنتەن تاغ جىلغىسى سۇ ئامبىرىدىن بىرى، بەنچياۋ، بەيشادىن ئىبارەت ئىككى جايدىكى تاغ جىلغىسى سۇ ئامبىرىنىڭ بىر قىسمى، رۇنخې كەلكۈن سۈيىنى ساقلاش، سۇ بۆلۈش توسمىسىدىن بىرى، باشقا چوڭ ـ كىچىك سۇ ئەگۈچتىن 62سى، جىلغا دامبىسىدىن 155ى تاماملاندى.

خۇەيخې دەرياسىنى تۈزەش 1 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشى پۈتۈپ، 1951 ـ يىلى خۇەيخې دەرياسى ۋادىسىدا مول ھوسۇل ئېلىشقا كاپالەتلىك قىلىندى. خۇشاللىقتا چۆمگەن دېھقانلار بەس ـ بەستە ماۋ زېدۇڭغا خەت يېزىپ مول ھوسۇل ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى.

1951 ـ يىلى قىشتا، خۇەيخې دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى خەلق يەنە خۇەيخې دەرياسىنى تۈزەش 2 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشى جېڭىگە ئاتلاندى. 1952 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، خۇەيخې دەرياسىنى تۈزەش 2 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشى ئاخىرلاشتى؛ 1953 ـ يىلدىكى خۇەيخې دەرياسىنى تۈزەش قۇرۇلۇشىنىڭ جىددىي تەييارلىقى يەنە باشلاندى.

سەككىز يىل بوشاشماي تۈزەش ئارقىلىق، 1957 ـ يىلى قىشقىچە دۆلەت جەمئىي 1 مىليارد 240 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 175 چوڭ ـ كىچىك دەريا يولىنى تۈزىدى، توققۇز سۇ ئامبىرى ياسىدى، ئامبار سىغىمى 31 مىليارد 600 مىليون كۇب مېتىرغا يەتتى، يەنە 4600 كىلومېتىردىن ئارتۇق مۇداپىئە توسمىسى ياساپ، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، كەلكۈن ئاققۇزۇش ئىقتىدارىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

## «بۇلۇت» ئۈستىدىكى ئالاقە تورى «بۇلۇت» ئاستىدىكى ئەقلىي ياسىمچىلىق

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شىنتې ئېنېرگىيە پاي چەكلىك شىركىتى ئۇچۇر تېخنىكىسىنىڭ ياسىمچىلىق بىلەن چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇپ ئەمەلىي قوللىنىلىشىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى تۇنجى يۇقىرى ساپلىقتىكى كرىستاللىق سىلىتسىي ماتېرىيال ئەقلىي ئىقتىدارلىق زاۋۇتى قۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى 28% ئاشۇردى، تىجارەت تەننەرخىنى 25% تۆۋەنلەتتى، مەھسۇلات تەتقىق قىلىپ ياساش مۇددىتىنى 30% قىسقارتتى، ئېنېرگىيەدىن پايدىلىنىش نىسبىتىنى 15% ئۆستۈردى. بۇ شىركەتنىڭ «يۇقىرى ساپلىقتىكى سىلىتسىي ئۇل يېڭى ماتېرىيال كارخانىلىرىنى تورلاشتۇرۇپ ئۆزگەرتىپ، توپلاشتۇرۇپ ئەمەلىي قوللىنىش سىناق نۇقتىسى ئۈلگە كۆرسىتىش تۈرى» سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش مىنىستىرلىقىنىڭ 2018 ـ يىلدىكى سانائەت ئالاقە تورىنى يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇش تۈرىگە كىرگۈزۈلدى.

كارخانا بۇلۇتى، ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى، AGV ماشىنا ئادىمى... جۇلاڭ شىنجاڭ ئەقلىي ئىقتىدارلىق ماشىنا چەكلىك شىركىتى زاۋۇت قۇرغان دەسلەپكى مەزگىلدىلا، سانائەت بۇلۇت تېخنىكىلىق ئەقلىي ئىقتىدارلىق زاۋۇت قۇرۇشقا ئىرادە باغلىغان. «بىز سانلىق مەلۇماتلارنى ئاپتوماتىك توپلايدىغان، يىغىدىغان بىر سىستېما قۇرۇۋاتىمىز، بۇنىڭدىن كېيىن ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بارلىق نەق مەيدان مەسىلىلىرىنىڭ ھەممىسىدە ‹بۇلۇت›تىن سانلىق مەلۇمات يىغالايمىز.» شىركەت مەسئۇلى ۋۇ جېڭچۈن مۇنداق دېدى: ئىلغار تېخنىكىغا تايىنىپ، بۇلتۇر ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، شىركەت 220 مىليون يۈەنلىك يىللىق سېتىش سوممىسىنى ئىشقا ئاشۇردى، مەھسۇلاتى خەلقئارا بازارغا كىردى.

سانائەت ئالاقە تورى رەقەملىك ئىقتىساد بەرپا قىلىش، ئەمەلىي ئىقتىسادنى كۆچەيتىش، ياسىمچىلىقنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشتىكى مۇھىم تۇتقىغا ئايلاندى. 2018 ـ يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ ياسىمچىلىق بىلەن ئالاقە تورىنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، سانائەت ئالاقە تورى كەسپلەر ئىنتېرنېت سۇپىسىنى تەييارلىق قىلىپ قۇرۇپ، ئەقلىي ئىقتىدارلىق ياساش، خاسلاشقان بۇيرۇتۇپ ياساش، مۇلازىمەت تىپىدىكى ياساش، تورلاشقان ماسلىشىش قاتارلىق ياسىمچىلىقنىڭ يېڭى ئەندىزىسىنى يېتىشتۈرۈشنى تېزلەتتى.

نۆۋەتتە، شىنجاڭنىڭ يېڭى ئېنېرگىيە جابدۇقلىرى، توك يەتكۈزۈش، بېسىم ئۆزگەرتىش جابدۇقلىرى، ئاپتوموبىل قاتارلىق ئىلغار جابدۇق ياسىمچىلىقىدا رەقەملەشتۈرۈش، تەتقىق قىلىپ ئېچىش، لايىھەلەش قوراللىرىنىڭ ئومۇملىشىش نىسبىتى 70%تىن ئاشتى. بىر قىسىم كارخانىلار كەپشەرلەش، پۈركۈپ سىرلاش، قۇراشتۇرۇش قاتارلىق ھالقىلىق ئىش ئورۇنلىرىدا ماشىنا قول، ماشىنا ئادەم ئىشلىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، كەسىپنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارلىشىش، ئەمەلىي قوللىنىلىش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى.

يىرىك پىلان بويىچە، 2020 ـ يىلغا بارغاندا، شىنجاڭ يەتكۈزۈش ۋاقتى قىسقا، ئىشەنچلىكلىكى يۇقىرى، قاپلىشى كەڭ بولغان سانائەت ئالاقە تورى تور ئۇل ئەسلىھەسىنى دەسلەپكى قەدەمدە قۇرۇپ چىقىدۇ؛ 2025 ـ يىلىغا بارغاندا خەلقئارا ئىلغار سەۋىيەگە يەتكەن ئىككىدىن ئۈچكىچە سانائەت ئالاقە تورى سۇپىسىنى كۈچەپ يېتىلدۈرىدۇ، شەكىللەندۈرىدۇ، 100 سانائەت كارخانىسىنىڭ سانائەت ئالاقە تورى سۇپىسىغا تايىنىپ رەقەملەشتۈرۈش، تورلاشتۇرۇش، ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇشنى يولغا قويۇپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشىگە نۇقتىلىق تۈرتكە بولىدۇ.

## شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ بۇ يىللىق يۈك توشۇش مىقدارى 100 مىليون توننىدىن ئاشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

جۇڭگو تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى يۈك ترانسپورت بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى گاۋ لىبى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: 2017 ـ يىلى، شىنجاڭ تۆمۈريولى يەتتە ئەشيا ئوبوروت بازىسى قۇردى، 2018 ـ يىلى 19 ئەشيا ئوبوروت بازىسى ۋە يۈك ترانسپورت ئەسلىھەسىنى تولۇقلاش، كۆچەيتىش قۇرۇلۇشىنى تاماملىدى، بۇ يىل بەش تۈرلۈك ئەشيا ئوبوروت بازىسى قۇرۇلۇشى ۋە ئىقتىدارىنى تولۇقلاش، كۆچەيتىش تۈرىنى ئالغا سىلجىتماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە ئۈرۈمچى غەربىي ۋوگزالى، تۇرپان ۋوگزالى، قومۇل شەرقىي ۋوگزالى، كورلا ۋوگزالىنى ئۆزگەرتىش ھەمدە ئۈرۈمچى شىمالىي ۋوگزالىدىن جياڭجۈنمياۋغىچە، جىڭدىن قورغاسقىچە بولغان لىنىيەدە ۋوگزال، نۇقتا كۆپەيتىش قاتارلىق 18 ئىقتىدار كېڭەيتىش، ئۆزگەرتىش تۈرىنى تاماملىدى.

بۇ يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ تۆمۈريولى ترانسپورت ئېھتىياجىغا ئاساسەن، كۆمۈر، پولات ـ تۆمۈر، خىمىيە سانائىتى، يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىدىن ئىبارەت تۆت بۆلەك تۈر گۇرۇپپىسىنى تەشكىللەپ، بۆلەكلەر بويىچە تۈرلەرنى يولغا قويۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، يۈك مەنبەسى ۋە ترانسپورت بايلىقىنى بىرىكتۈرۈشنى ئەلالاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، خېرىدارلارنى «بۇيرۇتما شەكىل»دىكى ئەشيا ئوبوروتى مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى. شىمالىي شىنجاڭدىكى شەھەرلەر ئارا يۈكنى تېز توشۇش نۆۋەتچى پويىزى 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن باشلاپ قاتنىغاندىن كېيىن، مال توپلاش، پويىزغا قاچىلاش، يۈرۈش، يېتىپ بېرىش، يۈك ئېلىشنى 24 سائەت ئىچىدە تاماملاشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، خېرىدارلارنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئەشيا ئوبوروتى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، ھەر كۈنى بىر پويىز نورمال قاتناشنى ئىشقا ئاشۇردى.

شىنجاڭ ئىچىدىكى كۆمۈر ترانسپورتىنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىللە، شىنجاڭ تۆمۈريول تارماقلىرى يەنە ماركېتنىڭ سۈپىسىنى پائال قۇرۇپ، شىنجاڭ كۆمۈرىنى سىرتقا توشۇش سالمىقىنى زورايتتى. 6 ـ ئايدىن بۇيان، ئۈرۈمچىدىن لەنجوۋغا كۆمۈر بىۋاسىتە پويىزىدىن ھەر كۈنى توققۇزى قاتنىدى، چېڭدۇ ـ كۇنمىڭ يۆنىلىشىدە شىنجاڭدىن چىقىدىغان كۆمۈر توشۇش پويىزىدىن كۈنىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يەتتىسى قاتناپ، شىنجاڭدىن چىقىدىغان كۆمۈرنىڭ توشۇلۇش مىقدارى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 37.3% ئاشتى.

مىللەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن ـ قەھرىمانلار، قۇربانلار شەجەرىسى

## ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتىكى مەشھۇر جاڭجۈن: سەي تىڭكەي


سەي تىڭكەينىڭ سۈرىتى(ماتېرىيال سۈرەت). □ شىنخۇا ئاگېنتلىقى تارقاتقان

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، گۇاڭجوۋ، 8 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىر لى شيۇگېيك)** ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 7000 كۋادرات مېتىردىن ئاشىدىغان، «富» خېتى شەكلىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، كۆك خىش بىلەن كېسەكتىن قاپلاپ سېلىنغان، خىش ـ كاھىش ـ ياغاچ قۇرۇلمىلىق بۇ تۇرالغۇ دەل جاڭجۈن سەي تىڭكەينىڭ ئەسلى تۇرالغۇسى.

سەي تىڭكەي، 1892 ـ يىلى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ لودىڭ ناھىيەسىدە تۇغۇلغان. ئائىلىسى نامرات بولغاچقا، كىچىكىدىنلا ئوقۇشىنى توختىتىپ، ئۆسمۈر چېغىدىلا ھەربىي سەپكە ئاتلانغان. باشلىقى چېن مىڭشۇ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ تەسىرىدە، سەي تىڭكەي سۈن جۇڭشەن يېتەكچىلىكىدىكى ئىنقىلابىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقان. 1922 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، سۈن جۇڭشەن شاۋگۇەندە قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىپ شىمالغا جازا يۈرۈش قىلغان، شىنفېڭ شەھىرىنى ئىگىلەش جېڭىدە، سەي تىڭكەي بۇيرۇققا بىنائەن، چېكىنىپ قاچقان دۈشمەنگە كېچىلەپ قوغلاپ زەربە بەرگەن. ئۇ پۈتۈن لېيەنى باشلاپ بىر كۈندە 100 چاقىرىمدىن ئارتۇق يۈرۈش قىلىپ، زەربىدارلىق بىلەن ئىلگىرىلەپ، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ دۈشمەن قوشۇنىنى تارمار قىلىپ قورالسىزلاندۇرغان، شىمالغا جازا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇن شىنفېڭ شەھىرىنى ئوڭۇشلۇق ئىگىلىگەن، سەي تىڭكەيگە بىر قېتىم تۆھپە يېزىلغان.

1926 ـ يىلى 7 ـ ئايدا، خەلق ئىنقىلابىي ئارمىيەسى شىمالغا جازا يۈرۈش قىلغان، سەي تىڭكەي 4 ـ جۈن 10 ـ شى 28 ـ تۇەننىڭ تۇەنجاڭلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن. ئۇزاق ئۆتمەي، 4 ـ جۈننىڭ ئىشتاتى كېڭەيتىلىپ، سەي تىڭكەي 11 ـ جۈن 24 ـ شىنىڭ مۇئاۋىن شىجاڭلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن. 1930 ـ يىلى، سەي تىڭكەي 19 ـ جۈننىڭ جۈنجاڭلىقىغا تەيىنلەنگەن.

1931 ـ يىلى 18 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى پارتلىغاندا، سەي تىڭكەي بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، 19 ـ جۈندىكى 30 مىڭدىن ئارتۇق كوماندىر ـ جەڭچىنى باشلاپ، گەنجوۋدا ئىچكى ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇش، ئىتتىپاقلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشقا قەسەم قىلغان.

1931 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، سەي تىڭكەي پۈتۈن ئارمىيەدىكى لۈجاڭدىن يۇقىرى كادىرلار بىلەن مەخپىي كېڭىشىپ، 1932 ـ يىلى 2 ـ ئايدا قىسمىنى باشلاپ تيەنجىن ـ پۇكوۋ لىنىيەسىنى بويلاپ شەرقىي شىمالغا بېرىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇۋاتقان ما جەنشەن، دىڭ چاۋ، لى دۇلارغا ياردەم بەرمەكچى بولغان. لېكىن بۇ چاغدا ياپونىيە جۇڭگوغا قاراتقان تاجاۋۇزچىلىقنى ئەتەي كېڭەيتىپ، 30 نەچچە ھەربىي پاراخوت ۋە نەچچە مىڭ كىشىلىك قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلغۇچى قوشۇن ئەۋەتىپ شاڭخەيدە قۇرۇقلۇققا چىققان ھەمدە توختىماي ۋەقە تۇغدۇرۇپ، شاڭخەينىڭ ۋەزىيىتىنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتكەن، سەي تىڭكەي سۇڭخۇدا قېلىپ ئۇرۇشقا جىددىي تەييارلىق كۆرگەن.

1932 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى يېرىم كېچىدە، ياپونىيە جاھانگىرلىكى شاڭخەيگە ھۇجۇم قوزغاپ، 28 ـ يانۋار ۋەقەسىنى پەيدا قىلغان. ئىككىنچى كۈنى سەي تىڭكەي، جياڭ گۇاڭنەي، دەي جى ئۈچەيلەن بىرلىكتە ئىمزا قويۇپ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر ساھەدىكىلەرگە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدا تېلېگرامما يوللاپ، ھەربىي بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، «يوللۇق قوغدىنىپ، زېمىنىمىزنى قوغداشنىڭ مۇقەددەس بۇرچىمىز ئىكەنلىكىنى بىلىمىز، ئالقانچىلىك يەر، بىر تال گىياھنىمۇ ۋاز كەچمەيمىز، ۋەتەننى قوغداپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىشتا قۇربان بولۇپ بىر ئەسكىرىمىز، بىر پاي ئوقىمىز قالسىمۇ، ھەرگىز چېكىنمەيمىز» دېگەن. 40 كۈنگە يېقىن قانلىق جەڭ قىلىش ئارقىلىق، 19 ـ جۈن بىر ئايدىن ئارتۇق جاپالىق تىركىشىپ، ياپونىيە ئارمىيەسىنىڭ «تۆت سائەتتە شاڭخەينى ئىشغال قىلىمىز» دېگەن تەلۋىلەرچە ئېيتقان يوغان گېپىنى تارمار قىلىپ، ئۇلارنى كۆپ قېتىم باش قوماندانىنى ئالماشتۇرۇش، ياردەمچى قوشۇننى كۆپەيتىشكە مەجبۇر قىلغان. 28 ـ يانۋار سۇڭخۇ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ياپونىيە جاھانگىرلىكىنىڭ ھەيۋىسىگە ئېغىر زەربە بېرىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى كۈرەش قىلىش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىپ، كېيىنكى ئومۇمىيۈزلۈك ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنى قىممەتلىك تەجرىبە بىلەن تەمىنلىگەن.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنى ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرۇشنى قەتئىي تەشەببۇس قىلىپ، نەنجىڭ گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ قارشىلاشماسلىق سىياسىتىگە قارشى تۇرۇپ، قىزىل ئارمىيە بىلەن داۋاملىق ئۇرۇش قىلىشنى خالىمىغانلىقى ئۈچۈن، 1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، سەي تىڭكەي چېن مىڭشۇ، جياڭ گۇاڭنەي قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە مەشھۇر فۇجيەن ۋەقەسىنى قوزغاپ، جۇڭخۇا جۇمھۇرىيىتى خەلق ئىنقىلابىي ھۆكۈمىتىنى قۇرغان. سەي تىڭكەي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، خەلق ئىنقىلابىي ئارمىيەسى 1 ـ يۆنىلىش ئارمىيەسىنىڭ باش سەلنكى بولغان. ئۇلار فۇجيەننى مۇھاسىرىگە ئالغان گومىنداڭغا قاراشلىق قىسىملارغا تاقابىل تۇرۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش، جياڭ جيېشىغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدا قىزىل ئارمىيە بىلەن دەسلەپكى كېلىشىم ئىمزالىغان. بۇ ھەقىقانىي ھەرىكەت ئەينى ۋاقىتتا غايەت زور تەسىر پەيدا قىلغان.

ۋەقەدىن كېيىن، سەي تىڭكەي چەت ئەللەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن. 1935 ـ يىلى، سەي تىڭكەي شياڭگاڭدا لى جىشېن، چېن مىڭشۇ، جياڭ گۇاڭنەي قاتارلار بىلەن جۇڭخۇا مىللىتى ئىنقىلابىي بۈيۈك ئىتتىپاقىنى تەشكىللەپ، ھەرقايسى پارتىيە ـ گۇرۇھلار بىلەن بىرلىشىپ، بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان. پۈتۈن مەملىكەتتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغان دەسلەپكى مەزگىلدە، سەي تىڭكەي ئارمىيەگە رەھبەرلىك قىلىپ كۆڭۈل ئۆلۈپ ئۇرۇشى قاتارلىقلارغا قاتناشقان، لېكىن كېيىن جياڭ جيېشى ھەربىي ھوقۇقنى تارتىۋالغان، ئۇنىڭ تولۇپ تاشقان ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى بولسىمۇ، ئەمما دۈشمەننى ئۆلتۈرۈپ ۋەتەنگە جاۋاب قايتۇرۇش ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئىمكانىيەت بولمىغان.

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئىچكى ئۇرۇشقا قارشى تۇرۇش، تىنچلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ۋەزىيىتى ئالدىدا، سەي تىڭكەي لى جىشېن، خې شياڭنىڭ قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكتە جۇڭگو گومىنداڭ دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنى تەشكىللەشكە تەييارلىق قىلىپ، دېموكراتىك ئىنقىلابىي كۈرەشكە ئاكتىپ قاتناشقان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ جياڭ جيېشىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا، گومىنداڭنىڭ ئىچكى ئۇرۇش قوزغىشىغا قارشى سىياسىي كۈرەشكە پائال ئاتلانغان. 1947 ـ يىلى، ئۇ جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتىنى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش ھەرىكىتىگە قاتناشقان، 1948 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى شياڭگاڭدا قۇرۇلغان، سەي تىڭكەي مەركىزىي كومىتېت دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا، قوشۇمچە مالىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىغا سايلانغان.

1948 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، سەي تىڭكەي جۇڭگو گومىنداڭ دېموكراتىيەنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتىنىڭ باش ۋەكىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، شەرقىي شىمالدىكى ئازاد رايونغا بېرىپ، «يېڭى سىياسىي كېڭەشكە ئالاقىدار مەسىلىلەر» سۆھبەت يىغىنى قاتارلىق پائالىيەتلەرگە قاتناشقان.

بېيپىڭ تىنچ ئازاد بولغاندىن كېيىن، سەي تىڭكەي ۋە باشقا دېموكراتىك زاتلار بېيجىڭغا يېتىپ كەلگەن. ئۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ تەييارلىق يىغىنى ۋە 1 ـ نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىنغا قاتناشقان، ئورتاق پروگراممىنى تۈزۈش قاتارلىق خىزمەتلەرگە قاتناشقان.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، سەي تىڭكەي مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دۆلەت تەنتەربىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، جۇڭگو گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دۇنيا تىنچلىق كېڭىشىنىڭ كېڭەش ئەزاسى قاتارلىق مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

1968 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، سەي تىڭكەي كېسەل سەۋەبىدىن بېيجىڭدا ۋاپات بولغان.

## ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ يېڭى ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلماقتا، ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىدە باش تېما تەربىيەسىنى پۇرسەت بىلىپ، شۇ جاينىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، خىزمەتلەرنى ئىجادىي قانات يايدۇرۇپ، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش، ھەر مىللەت ئاممىغا مۇلازىمەت قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى شۇ جاينىڭ تەرەققىياتى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى ئۈستىدە تىرىشىپ ئىزدىنىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ يېڭى ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇش كېرەك.

**(«سۆز ھەممىگە» ئىستونىغا ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbplb@126.com)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)